# «مەسئۇلىيەتنى كەسىپ دەپ بىلىش»

## —— كوناشەھەر ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ كوناشەھەر ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى تاڭ لىمىڭ توغرىسىدا خاتىرە

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى

□مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

«ھاياتلىق بىر مەيدان يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئەمەس، بەلكى بىر قېتىملىق ساياھەتتۇر، مۇسابىقىدە ئاخىرقى پەللىگە يېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ساياھەتتە يول بويىدىكى مەنزىرىلەرگە دىققەت قىلىنىدۇ.» كوناشەھەر ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ كوناشەھەر ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 47 ياشلىق تاڭ لىمىڭ ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات سەپىرىدىكى مۇشۇنداق يارقىن مەنزىرىلەردىن پەخىرلىنىدۇ.

### پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىككىنچى يۇرتىغا تۆھپە قوشۇش

«بىز بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىگەن ئۈچ يىلدا، شۇ جايدىكى پۇقرالارنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئازراق نەتىجە ياراتمىساق، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى بولامدۇ؟» تاڭ لىمىڭ ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنى پات - پات ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

يېزىغا چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، پىلان تۈزۈش، سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش، تۈر قۇرۇلۇشى... تاڭ لىمىڭ تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان.

جاپالىق ئەجىرنىڭ بەدىلىگە خۇشاللىنارلىق ھوسۇل قولغا كەلدى: 2017 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە گۇاڭدۇڭ كوناشەھەر ناھىيەسىگە جەمئىي 1 مىليارد 750 مىليون يۈەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى سېلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرىدىن 90 نەچچىنى يولغا قويۇپ، كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى 35 نامرات كەنتتىكى 26 مىڭ 506 كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى؛ ئۈچ يىل بولمايلا خاۋيۈەنپىڭ گۇرۇھى، شىجى جويې قاتارلىق 47 چوڭ تۈر ئەمەلىيلەشتى، پىلاندىكى سېلىنما 2 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، 4000غا يېقىن كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، كىيىم - كېچەك ھەم ئېلېكترونلۇق قۇراشتۇرۇش، پىششىقلاش كەسىپلىرىنى توپلاشتۇرۇش ئۈنۈم ئېففېكتى كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى گۇاڭجوۋ يېڭى شەھەرچىسىدە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

سانائەت باغچە رايونى، كەنت قۇرغان زاۋۇت، نامراتلارنى يۆلەش سېخىغا تايىنىپ، ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىش ئورنىنى نامرات كىشىلەر توپىنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە يەتكۈزدى، ئېنىكپ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى كەنتتە قۇرغان «نامراتلارنى يۆلەش سېخى» ئەڭ كۆپ بولغاندا ئالتە كەنتنى قاپلىدى ھەم ئەمگەك كۈچلىرىنى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە پائال يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى نامرات كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى.

### مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى سۇغىرىش

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، تاڭ لىمىڭ گۇاڭجوۋ شەھىرىنىڭ 11 رايونىدىكى 45 ئورۇننىڭ كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى 61 ئېغىر نامرات كەنت بىلەن قوشماقلىشىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە يۆلىشىگە پائال تۈرتكە بولدى. ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، گۇاڭجېيەن گۇرۇھىنىڭ كوناشەھەر ناھىيەسىدە گۇاڭجوۋ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كوناشەھەر ناھىيەسى خاس مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش مەركىزى قۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، لىۋەن رايونى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش مەركىزىگە ئورۇن تاللاش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتى. بۇ يىل، 120 مىڭ كىلوگرام مۇكىياغلىق ئۆرۈكنى سېتىپ، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

مۇكىياغلىق ئۆرۈكنى سېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، تاڭ لىمىڭ نەزەرىنى يەنە تاۋۇزغا يۆتكەپ، ئارقا سەپ تارماقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ تاۋۇزىنى گۇاڭجوۋغا سېتىشنى ئالغا سىلجىتتى، 7 - ئايدا ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە 1000 توننىلىق زاكاز قوبۇل قىلىپ، شۇ جايدىكى 500دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىگە نەپ يەتكۈزدى، ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2000 يۈەن ئاشتى.

تاڭ لىمىڭنىڭ تەسىرىدە، گۇاڭجوۋدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلار بەس - بەستە توققۇزاق بازىرىدىكى قېيىنچىلىقى بار 64 ئائىلە بىلەن تۇغقانلىشىپ، ئۇلارغا سافا، كارىۋات، تاماق ئۈستىلى قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئۆي جاھازلىرىنى ئېلىپ بەردى.

«تۇغقاندارچىلىق بارغانسېرى قويۇقلاشتى، ھېسسىيات بارغانسېرى يېقىنلاشتى.» كادىرلار، ئىختىساسلىقلار، داۋالاش، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق كۆپ ساھەلەردىكى ھەمكارلىشىش، ئالماشتۇرۇشقا ئەگىشىپ، گۇاڭجوۋ بىلەن كونا شەھەردىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشى خىزمەتتە، تۇرمۇشتا سىڭىپ كەتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقى گۇاڭجوۋ، كوناشەھەردىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ سۇغىرىشى بىلەن ئۈزلۈكسىز يىلتىز تارتىپ بىخ ئۇرۇپ، چېچەكلەپ مېۋە بەرمەكتە.

### ئەمەلىي ئىشلەپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش داغلىق ماركىسىنى نۇرلاندۇرۇش

بېلىق بەرگىچە بېلىق تۇتۇشنى ئۆگىتىش كېرەك، تاڭ لىمىڭ ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش، تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىپ، ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىم ۋە توپلىغان تەجرىبىلەرنى قىلچە ئايىماستىن ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايغا تولۇق يەتكۈزدى.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كارخانىلارنى ۋاستە قىلىپ، «بىر مەركەز، ئىككى ئورۇن» قۇردى، يەنى پارتىيە - ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىتىش ئورنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئۆگىتىش ئورنى. «بىر مەركەز، ئىككى ئورۇن» ئاچقان كارخانىلار 13كە يېتىپ، باغچە رايونىدىكى كارخانىلارنى قاپلىدى ھەم پەيدىنپەي يېزا - بازار «نامراتلارنى يۆلەش سېخى»غا كېڭەيدى.

تاڭ لىمىڭ ۋە خىزمەت ئەترىتى «شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈر مەبلىغى ئاجرىتىشنى ئىچكى جەھەتتە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش چارىسى»نى بېكىتىپ، «گۇاڭجوۋ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمەت ئەترىتىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش چارىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «كادىر ئىختىساسلىقلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمى» قاتارلىق 20 نەچچە تۈرلۈك تۈزۈم - بەلگىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ تۇرمۇش ئىنتىزامىنى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمەت ئەترىتى «پارتىيەۋىلىكنى قەلبكە پۈكۈش، پارتىيە بايرىقىنى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بازىسىغا قاداش» ۋە «شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بازىسىدا پارتىيە بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇش» ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

ئىككى يىلدا، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئىككى ئەزا شىنجاڭدىكى مەزگىلىدە ئوڭۇشلۇق ھالدا پارتىيەگە كىردى، بەش دوختۇر، ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپىي ئۇنۋانى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆستۈرۈلدى؛ ئوتتۇرا مەزگىللىك ئالمىشىشتا، بەش تېخنىك كادىر ئىختىساسلىق تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسىغا شىنجاڭغا داۋاملىق نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى؛ ئون كىشى گۇاڭدۇڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ۋاقتىدا تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، ئالتە كىشى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن «يېڭى دەۋردە يېڭى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، يېڭى نەتىجە يارىتىش، يېڭى دەۋر ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇش» بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، سەككىز پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرى تەشكىل تەرىپىدىن ئۆستۈرۈلۈپ ئىشلىتىلدى، بارلىق ئەزالارنىڭ يىللىق تەكشۈرۈپ باھالاشتا مۇنەۋۋەر بولۇش نىسبىتى 100% بولدى.

تاڭ لىمىڭ مۇنداق دېدى: مەن ھەر يىلى پارتىيە تەشكىلىگە، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايدىكى خەلققە بىر «جاۋاب قەغىزى» تاپشۇرىمەن، «جاۋاب قەغىزى» يېزىشنىڭ ئۇسۇلى دەل جاپالىق، ئەمەلىي ئىشلەشتۇر.

(بېشى 1 - بەتتە)

باش تېما تەربىيەسىدە، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىش، شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، مەخسۇس تېمىدا يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق نەزەرىيەنى پۇختا ئۆگىنىپ، چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلىتىشكە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە داۋاملىق تۈرتكە بولۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلىدى.

باش تېما تەربىيەسىنىڭ بەلگىلەنگەن ئۆگىنىش مۇندەرىجىسىنى يادرو قىلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى 17 مەخسۇس تېما بويىچە 54 جەھەتتىكى نۇقتىلىق ئۆگىنىش مۇندەرىجىسىنى بېكىتىپ، «ئۆگىنىش پىلانى جەدۋىلى»نى تۈزۈپ بېسىپ، يەتتە كۈنلۈك مەركەزلىك ئۆگىنىشنى قانات يايدۇردى. پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا، ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ھەم «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ، مەركەزلىك ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، پەرقلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ئۆگىنىشنى كۈندىلىك تۇرمۇشقا، دائىملاشتۇرۇشقا سىڭدۈرۈپ، بەنگۇڭتىڭنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيەلىك كادىرلارنى «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانمىلار» «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى» قاتارلىق زۆرۈر ئوقۇشلۇقلارنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشقا، پارتىيە نىزامنامىسىنى، «يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر بىرقانچە مىزان» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى»، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى قاتارلىقلارنى ئابزاسمۇئابزاس، جۈملىمۇجۈملە ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. كوللېكتىپ ئۆگىنىش، كۆڭۈل قويۇپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، بارلىق خادىملارنى تولۇق قاپلاش، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەتراپلىق ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«مەسىلىگە تەتبىقلاپ ئۆگىنىلدى، ھەر قېتىمدا يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى تەسىرات، يېڭى ھاسىلات قولغا كەلتۈرۈلدى.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما لۇ چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق، مېنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور سىياسەت، فاڭجېنلىرىغا بولغان چۈشەنچەم ۋە تونۇشۇم ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشۇمغا پۇختا نەزەرىيەۋى ئاساس سېلىندى».

### ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى كۈچەيتىش

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) كۇتۇپخانىسىدا «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە قىزىل ھۆججەتلەر كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقان پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كۇرسانتلارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) ئالتە ئايلىق قىزىل ھۆججەتلەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 90 يىلى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر» قاتارلىق 300 پارچىدىن ئارتۇق مۇھىم ھۆججەت، ئوقۇشلۇقنى مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى (مۇئاۋىن يۈەنجاڭى) لىيۇ جۈنشەن مۇنداق دېدى: «ھۆججەتلەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، كۆپچىلىك شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنىغا قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان بولدى».

ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسى، ۋەزىيەت - سىياسەت تەربىيەسى، ئىلغار تىپلار تەربىيەسى، ئىبرەت تەربىيەسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى... باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، شەكلى كۆپ خىل نەزەرىيە ئۆگىنىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى كۈچەيتتى.

ئۆلگە ئاۋازسىز ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، تېپتا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ بار. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتى «دەۋر ئۆلگىسى» جاڭ فۇجىڭ ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي - قانۇن سېپىدە مەيدانغا كەلگەن كۆزگە كۆرۈنگەن قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرىنىڭ تىپىك ماتېرىياللىرىنى توپلاپ رەتلەپ، «ئۆلگىنىڭ كۈچى» دېگەن ئوقۇشلۇقتىن 300 پارچە تۈزۈپ بېسىپ، سىياسىي - قانۇن كادىرلىرىغا تارقىتىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنى ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىپ، سىياسىي مەنزىل، ئىدىيەۋى مەنزىل، ئەخلاق مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىقى، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى.

### پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى تەتبىقلاپ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش

ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىي بولغان - بولمىغانلىقى، چوڭقۇر بولغان - بولمىغانلىقى، ياخشى بولغان - بولمىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىناش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىدە، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتەك ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى تەتبىقلاپ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇنى خىزمەتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىكى «ئالتۇن ئاچقۇچ»قا ئايلاندۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئۆگىنىش، ئۈرۈمچى شەھىرى نەنمېن شىنخۇا كىتابخانىسىغا بېرىپ كىتاب سېتىۋېلىش... 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى كەلپىن ناھىيەسىدىكى قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان ئائىلىلەردىكى 40 نەپەر بالىنى ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ تۇغقان يوقلاشقا، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىشقا تەكلىپ قىلدى، مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار پائالىيەتلەر بالىلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى بالىلارنىڭ قەلب ئېتىزىغا چوڭقۇر چاچتى.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى كۈچەپ ياخشىلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەرزىيەت ئىدارىسى ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەرزىيەت خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى، بولۇپمۇ قوبۇل قىلغان ھامان بېجىرىش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش»نى تېزدىن يولغا قويۇپ، كەلگەن ھەربىر پارچە خەتنى ياخشى بېجىرىپ، ھەربىر ئەرز قىلغۇچىنى ياخشى كۈتۈۋېلىپ، ھەربىر ئىنكاس - ئەرزنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ ئەرزىيەت مەسىلىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەربىر ئىشقا ئىنكاس قايتۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى.

غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار مۇنداق بىلدۈردى: داۋاملىق قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، زېھن قويۇپ ئۆزلەشتۈرۈپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىگە ئايلاندۇرىمىز.

# تۈنجى شىنجاڭ ئىچىدە يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزى يولغا چىقتى

قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋاڭ ۋېنبو، مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېي خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 11 ئەتراپىدا، ياڭرىغان گۈدۈك ئاۋازىغا ئەگىشىپ، X 9502/1 - قېتىملىق خوتەن - قەشقەر - ئۈرۈمچى يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزى قەشقەر ۋوگزالىدىن يولغا چىقىپ، ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ نۆۋەتچى پويىز ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا يىغىپ توپلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا قاتارلىق مەنزىل دۆلەتلەرگە قاتنايدۇ. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا قاتناشقا باشلىغان تۈنجى شىنجاڭ ئىچىدە يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزى.

بۇ نۆۋەتچى پويىزغا توك چەينەك، ئاياغ، رەخت، ئۆرۈك مۇراببابسى قاتارلىق ماللار قاچىلانغان بولۇپ، ھەممىسى قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىدۇر. نۆۋەتچى پويىز يول بويى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق ۋوگزاللاردا شۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان مېۋە مۇراببابسى، شوخلا قىيامى قاتارلىق ماللارنى يىغىپ توپلاپ، ۋاگون قوشۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا كورلىدا باشقىدىن رەتكە سېلىنىدۇ، 9 - ئاينىڭ 3 - كۈندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىش پىلانلاندى.

خوتەن - قەشقەر - ئۈرۈمچى يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزىدا ھەر ھەپتىدە مۇقىم نۆۋەتچى پويىز بولۇش بىلەن ھەر كۈنى ۋاگون قوشۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇلدا دائىملاشتۇرۇپ توشۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەر ھەپتىدە قەرەللىك بىر نۆۋەتچى پويىز قاتنايدۇ، جىددىي يوللانما بولسا ياكى بىر پۈتۈن ۋاگون توشسا، ھەر كۈنى ۋاقىتلىق ۋاگون قوشۇلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا قاتارلىق جايلارغا ئۆزلۈكسىز توشۇلىدۇ. نۆۋەتچى پويىزنىڭ قاتنىشى دېڭىز ترانسپورتىغا سېلىشتۇرغاندا كۆرۈنەرلىك ۋاقىت ئۈنۈمدارلىقى ۋە مۇقىم بولۇش ئەۋزەللىكىگە ئىگە.

بۇ نۆۋەتچى پويىزنىڭ قاتنىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقى سودا ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا چىقىرىشنى قوللاشتىكى مۇھىم تەدبىر. ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى خې گوچېڭ مۇنداق دېدى: بۇ نۆۋەتچى پويىزنىڭ قاتنىشى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك ئۈششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلارنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا بازارلىرىنى ئېچىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا ئىشلىرى ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى لىن خۇشىن مۇنداق دېدى: «بۇ نۆۋەتچى پويىزنىڭ قاتنىشى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كارخانىلار، سىرتقا يۈزلەنگەن كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا غايەت زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئويناپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سودىگەر چاقىرىش خىزمىتىگىمۇ پائال تەسىر كۆرسىتىدۇ».